جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى شان ـ شەرىپىنى ئۈزلۈكسىز يارىتايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەدەنىيەت گۈللەنسە، دۆلەت روناق تاپىدۇ، مەدەنىيەت كۈچەيسە، مىللەت كۈچىيىدۇ. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يېڭى تارىخىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ «تۆت ئىشەنچ»ى قىلىپ، ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇش تۈزۈمىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ بىر تۈرلۈك تۈپ تۈزۈمى قىلىپ بېكىتىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇشنى يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىي تەدبىرىگە كىرگۈزدى. بۇ بىر نەچچە يىلدا، دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئاساسىدىن تۈزەپ مەنبەدىن ساپلاشتۇرۇش، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدا تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، تارىخىي ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا پۈتۈنلەي يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچ بىلەن تەمىنلىدى.

«14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويىدۇ، جەزمەن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك. شۇنى تونۇپ يېتىش كېرەككى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىدىغان، ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلەيدىغان ئۇلۇغ ئىش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىياتى بولمىسا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش بولمايدۇ. «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىشتا مەدەنىيەت مۇھىم مەزمۇن؛ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا مەدەنىيەت مۇھىم تىرەك نۇقتىسى؛ خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا مەدەنىيەت مۇھىم ئامىل؛ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى ھەر خىل خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتا مەدەنىيەت مۇھىم كۈچ مەنبەسى. يېڭى دەۋرنىڭ ئۇلۇغ مۇساپىسىدە، بىز مەدەنىيەت ئىشەنچىمىزنى چىڭىتىپ، جۇڭخۇا ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئىجادىي ئايلىنىشى، ئىجادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىنقىلابىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى شان ـ شەرىپىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش، ياخشى تۇتۇشتا، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ۋەزىپىسى قىلىپ، غايە ـ ئېتىقاد تەربىيەسىنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىستىك تەرەققىيات تارىخى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزم، سوتسىيالىزم تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنى يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىشقا يېتەكلەپ، بارلىق خەلقنىڭ ئىدىيە جەھەتتە، مەنىۋى جەھەتتە زىچ ئىتتىپاقلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، خەلقنىڭ مەدەنىيەت ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاساسىي يولى قىلىپ، «ئىككى ئۈچۈن» يۆنىلىشى، «بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاخبارات ـ نەشرىيات، رادىيو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، خەلقنى تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ مول، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىن بەھرىمەن قىلدۇرۇش كېرەك؛ جەمئىيەت ئۈنۈمىنى باش ئورۇنغا قويۇش، جەمئىيەت ئۈنۈمىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت كەسپى يىرىك پىلانى ۋە سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەم خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان، ھەم خەلقنىڭ مەنىۋى كۈچىنى ئاشۇرالايدىغان تېخىمۇ كۆپ مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

مەدەنىيەت مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىدىكى مۇھىم كۈچ. جۇڭخۇا مىللىتى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە سانسىزلىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە ئۇچرىدى، لېكىن بىز بۇنىڭ ھەممىسىگە بەرداشلىق بەردۇق، چىدىدۇق، بۇنىڭدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، ئەۋلادمۇئەۋلاد جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە، مول، چوڭقۇر جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى يېتىشتۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشىنى كۈچلۈك مەنىۋى تىرەك بىلەن تەمىنلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپلا، ھەم جۇڭگو ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ ئاكتىپ يېتەكلىگۈچىسى ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىسى، ھەم جۇڭخۇا ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ سادىق ۋارىسلىق قىلغۇچىسى ۋە ئەۋج ئالدۇرغۇچىسى بولۇپ كەلدى. يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىشتا، زامانىمىزدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە جۇڭگو خەلقى يېڭى مەدەنىيەت بۇرچىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئەمەلىيەت ئىجادىيىتى داۋامىدا مەدەنىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى شان ـ شەرىپىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىشى كېرەك ھەم چوقۇم يارىتالايدۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، نۆۋەتلىك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ياخشى ئىشلەش قاتارىدا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بازار سۈبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلغانلىق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە كاپالەتلىك قىلغانلىق، بازار سۈبيېكتى مۇقىم بولغاندىلا، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئاندىن مۇقىم بولىدۇ، كىرىم ۋە ئىستېمال ئاندىن مۇقىم بولىدۇ، ئىقتىسادىي ئايلىنىشنىڭ ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشى ئاندىن شەكىللىنىدۇ. «بىر قولدا كۈنلۈك تۇتۇپ، بىر قولدا ئىشلەش»تە چىڭ تۇرۇپ، «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، بازار سۈبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۈچەپ قوغداش ۋە قوزغىتىش، ھەم «قەھرىتان سوغۇقتا كۆمۈر بېرىش، يامغۇردا كۈنلۈك تۇتۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەم سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تېخىمۇ مۇھىمى مۇھىتنى ئەلالاشتۇرۇش، كۆزلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تىرىشىپ قولدىن كەتكەن ۋاقىتنى قايتۇرۇپ كېلىپ، كېچىكىپ كەتكەن ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى يېتىشتۈرۈۋېلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن كۈچ توپلاپ، بۇ يىل ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تۈرلۈك بازار سۈبيېكتلىرى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنى قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ كارخانىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈشنى ياخشى ئىشلەپ، كارخانىلارنىڭ ئېھتىياجىنى چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن دەل جايىدا ئۇدۇللاشتۇرۇپ، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى چەكلەپ قويۇۋاتقان توسۇق نۇقتا، قىيىن نۇقتا، ئۆزۈك نۇقتا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا پائال ياردەم بېرىپ، سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنىڭ دەل جايىدىلىقى، ئەمەلىي ئۈنۈملۈكىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تۈرگە مەبلەغ سېلىش خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇپ، تۈرگە ئادەم ئىشلىتىش، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش، مەبلەغ كاپالىتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇش كېرەك. ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىش، بازار سۈبيېكتلىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، كارخانىلار ئويلىغاننى ئويلاش، كارخانىلار ئالدىرىغانغا ئالدىراش، كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنى مەبلەغ سېلىشتىكى مۇنبەت تۇپراققا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش، يەم ـ خەشەك زاپاس ساقلاش، كۈزلۈك تېرىقچىلىق ئېتىز پەرۋىشى قاتارلىق خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، كۈز، قىش پەسلىدىكى مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەش، يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقۇم پەيدا قىلغان خەۋپ ـ خەتەر يوشۇرۇن خەۋپىنى قايتا رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاجىز ھالقىلارنى قايتا مۇستەھكەملەپ، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى، مۇھىم نۇقتىسىنى قايتا ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ساياھەت سودا كارخانىلىرىنىڭ مۇقىم ئەسلىگە كېلىشىگە تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، كۈز، قىش پەسىللىك ساياھەت تەشۋىقاتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشنى كېڭەيتىپ، ئىستېمال بازىرىنىڭ جەلپكارلىقى ۋە ئىشەنچىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەپ، ئىنچىكە ئىشلەپ، خەلق ئاممىسى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە مائارىپ ئوقۇتۇشى خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، مەكتەپلەرنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن، جاۋ جۇڭجيۇ، جاۋ چىڭ، سۇن خۇڭمېي، ليۇ سۇشې، ليۇ جيەنشىن، ۋەن خەيچۈەن، ياڭ يۇڭ يىغىنغا قاتناشتى.

ئاھالىلەر تۇرسۇنئاي تۇرسۇنغا ديەنزەن قىلدى

«قىزچاق، جاپا چەكتىڭىز»

بىرىنچى سەپتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان قەھرىمانلار شەجەرىسى

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ يۆ**

«مەھەللە خىزمەتچى خادىمى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئىككى قېتىملىق يۇقۇمنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈرۈپ، خېلى ئۆسۈپ يېتىلدىم» دېدى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى 21 ياشلىق تۇرسۇنئاي تۇرسۇن.

تۇرسۇنئاي ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) غەربىي ۋوگزال تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى شىمالىي ۋوگزال 5 ـ يولى مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى يېشى ئەڭ كىچىك خىزمەتچى خادىم، بۇ يىل 7 ـ ئايدا ئۇنىڭ خىزمەت قىلغىنىغا ئەمدىلا بىر يىل توشقانىدى. 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يۇقۇم يۈزبەرگەندە، ئۇ چېكىنمىدى، مەھەللىدىكى باشقا 12 نەپەر «95 ـ يىللاردا تۇغۇلغان» خىزمەتچى خادىملار بىلەن بىرلىكتە ياشلار يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئاۋانگارتلار ئەترىتى بولۇپ تەشكىللىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە ئاتاكىغا ئۆتتى.

يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش مەزگىلىدە، تۇرسۇنئاينىڭ ھەربىر كۈنى ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ماددىي ئەشيا كاپالەت گۇرۇپپىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 6دە ئورنىدىن تۇرۇپ، مەھەللىدىكى 40 ئائىلىدىكى 120 ئاھالىگە كۈندىلىك تۇرمۇش ماددىي ئەشيا تەقسىملەپ يەتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە تېببىي خادىملارنىڭ نۇكلېئىك كىسلاتاسى ئەۋرىشكىسىنى يىغىشقا ھەمكارلاشتى، ھەر كۈنى ئاھالىلەر ئۈچۈن دورا يەتكۈزۈش، تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، ئەخلەت يىغىش، دېزىنفېكسىيەلەش، مىكروب ئۆلتۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلدى. ئەڭ ئالدىراش بولغاندا، ئۇ ھەر كۈنى ئون نەچچە سائەت ئىشلىدى.

«ھەر كۈنى ئەتىگەندە، خالتىلارغا ئايرىم قاچىلانغان كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە ھەممىدە ئاھالىلەرنىڭ لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىپ ئۆيمۇئۆي كىرىپ تەقسىملەپ يەتكۈزۈشنى باشلايمەن. ھەمىشە ئۆزۈمنى تېخى ئۇيقۇغا قانماي تۇرۇپلا، خىزمەت ھالىتىگە كىرىپ كەتكەندەك ھېس قىلىمەن.» تۇرسۇنئاي مۇنداق دېدى: گەرچە سەھەر تۇرۇپ كەچ ياتسىمۇ، ماددىي ئەشيا كاپالىتىنىڭ ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئەزەلدىن بوشاڭلىق قىلمىدىم.

«ئەڭ ئېغىرى گۈرۈچ، ئۇن، دائىم 1 ـ قەۋەتتىن 5 ـ قەۋەتكە يۈدۈپ چىقىمەن، بەزىدە مۈرەم ئېزىلىپ كېتىدىغاندەكلا ھېس قىلىمەن. بەزىدە مۇداپىئە كىيىمىنى سېلىۋەتكەندە، ئىچىدىكى كىيىملىرىمنى سىقسام سۇ چىقاتتى.» تۇرسۇنئاينىڭ دېيىشىچە، ئۆزى مۇشۇنچىلىك چوڭ بولغۇچە، ئەزەلدىن بۇنداق جاپالىق ئىشنى قىلىپ باقمىغان ئىكەن. چارچىغاندا، ئۇ ئۆزلۈكسىز ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈپ: «مەھەللە خىزمىتى ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان خىزمەت، ئاممىنىڭ يۆلەنچۈكى، بۇ ۋاقىتتا ئەركىلەشكە بولمايدۇ، مەن قىلالايمەن!» دېگەن.

چىشنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىۋاتقاندا، تۇرسۇنئاي دائىم «قىزچاق، جاپا چەكتىڭىز» دېگەن بۇ جۈملە سۆزنى ئاڭلاپ تۇراتتى. ئاھالىلەرنىڭ تەبەسسۇملۇق چىرايلىرى، كۆڭۈل بۆلىدىغان سۆزلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى شۇ زامان خۇشاللىققا چۆمدۈرەتتى. «ئاھالىلەر ئاتا ـ ئانامغا ئوخشايدۇ. گەرچە مېنىڭ يېشىم كىچىك بولسىمۇ، لېكىن كۈچۈم زور، ئاھالىلەرنىڭ تەبەسسۇمى ۋە ئىلھامى مېنى ھەممە ئەرزىيدىغاندەك ھېس قىلدۇردى» دېدى ئۇ.

يىل بېشىدا يۇقۇم يۈزبەرگەندە، تۇرسۇنئاي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە قاتناشقانىدى. بۇ قېتىم ئۇ يەنىلا سەپنىڭ ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، ئادەتتىكى خىزمەت ئورنىدا «جەڭچى»، «تەشۋىقاتچى»، «كاپالەتچى» رولىنى ئويناپ، مەھەللىدىكى ئاممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

«ئاممىنىڭ ئېھتىياجى چۈشكەندە، بىز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشىمىز كېرەك.» يىل بېشى ۋە تومۇزدىكى ئىككى قېتىملىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە چېنىققاندىن كېيىن، تۇرسۇنئاي لاياقەتلىك مەھەللە خىزمەتچىسى بولۇپ يېتىلدى.